# كورېيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟

جاڭ خوڭجي

سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى

# تەرجىماندىن

كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كۆرستىلىشى بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا ”كورىيە مودىسى“ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان چاغلار ئىدى. مەن دەسلەپتە، كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق بۇ فىلىمنى ”كوت- كوت گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان زېرىكىشلىك فىلىم“ بولسا كېرەك، دەپ كۆرمەپتىمەن.

لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۆت ئۇيغۇر يىغىلغان يەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئاشۇ فىلىمنىڭ گېپى بولۇپ كەتتى. ھەتتا ”ئۈرۈمچىدىكى چاي خۇمار خوتۇنلارمۇ كورىيە فىلىمنى كۆرىمىز دەپ كەچتە چاي ئوينىمايدىغان بولۇپ قاپتۇدەك“ دېگەن گەپلەر تارقالدى. دېمىسىمۇ، ھەممىلا يەردە كورىيە فىلىمىنىڭ گېپى ئىدى. ئاخىرى مەنمۇ ئۇ فىلىمنى ئۇيەر- بۇيەردىن تېرىپ- تۆنەپ كۆرۈپ باقتىم. شۇ قىزىقچىلىقتا ھەر كۈنى كەچتە ئائىلە بويىچە ئولتۇرۇپ «يەنە بىر كۆرسەم»نى قالدۇرماي كۆرىدىغان بولدۇق. ئاڭغىچە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كورىيىنىڭ «سۇ پەرىسى» ناملىق يەنە بىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلدى. نەزىرىمدە «سۇ پەرىسى» «يەنە بىر كۆرسەم»دىنمۇ جەلپكار ئىدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇ فىلىمنى ھەر كۈنى ئىككى قىسىمدىنلا بېرىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ساقلاپ بولالماي، ئاخىرى بازاردىن فىلىمنىڭ بىر يۈرۈش DVD پلاستىنكىسىنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، ھەپتە ئاخىرىدا ئىككى كۈن مىدىرىماي ئولتۇرۇپ باشتىن- ئاياغ كۆرۈۋەتتىم. ئاندىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارغا «سۇ پەرىسى»نىمۇ تەرجىمە قىلىش تەكلىپىنى



كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم

بەردىم ۋە ئۇلاردىن ”ناۋادا خالىساڭلار مەن تەرجىمە قىلىپ بەرسەم“ دەپ ئىلتىماس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار بۇ فىلىمنى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىرەيلەنگە تەرجىمە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىكەن.

دېمەك، مودىكەشلىك دېسە قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدىغان مەندەك بىر مۇتەئەسسىپ ئادەممۇ ئاخىرى بىلىپ- بىلمەيلا ”كورىيە مودىسى“غا رام بولۇپ قالدىم. مېنىڭچە، كورىيە فىلىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كورىيانلارغا خاس مىللەت ئەنئەنىسى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئېستېتىك تۇيغۇ قاتارلىقلار يادرولۇقىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى زامانغا لايىق شەكىل ۋە ئۇسۇلدا ئىپادىلىيەلىگەنلىكىدە. قىسقىسى، مىللەت خاسلىقى بىلەن زامانىۋىلىقنى چەمبەرچاس باغلىيالىغانلىقىدا ئىدى.

باشقا كۆرمىڭ ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىغا ئوخشاشلا، ئالتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى كورىيانلارنىڭ جامائەت ئەخلاقى، ئائىلىۋى ئەخلاقى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى، مىللىي خاراكتېر ۋە مىللەت ئەنئەنىسىگە بولغان ھۆرمەت- ئېھتىرام قاتارلىق جەھەتلەردە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟» ناملىق بۇ كىتابنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

كىتابتا جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى پەرقلىرى سېلىشتۇرما شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، كورىيە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىرى ئازدۇر- كۆپتۇر يورۇتۇپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ كورىيىنىڭ مىللەت ئەنئەنىسىگە مۇئامىلە قىلىش، مىللەت خاسلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات ئومۇرتقىسىغا غەربنىڭ زامانغا لايىق تاكتىكا- ئامالىرى بىلەن قۇۋۋەت بېرىش، مائارىپتىكى تەڭسىزلىكلەرنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ، مائارىپنى مىللەتنى كامال تاپقۇزىدىغان تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندۇرۇش، يېزىلار

مەسىلىسىنى جايىدا ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ كېتىشتىن قورقماي، پاك، ئىناق ۋە دېموكراتىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاچچىق- چۈچۈك سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

قىسقىسى، كورىيە تەجرىبىسىنىڭ قىممەتلىك يېرى — مىللەت خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ”كونىلىق“ دەپ چۆرۈۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇنى زامانىۋىلىق ئۈچۈن ئىجابىي ۋە ئىجادىي خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مىللەت ئەنئەنىسىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېخىمۇ كامال تاپقۇزالىغانلىقىدا ئىدى.

شۇڭا، مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە بولۇپمۇ كورىيە مودىسىدىن ھەيران قېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا كورىيە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېقىش نىيىتىدە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، ئەزىز دوستلارغا ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ”مىللەت خاسلىقى بولمىغان نەرسىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس“ دېگەن بۇ مەشھۇر جۈملىسىنى ھەدىيە قىلماقچىمەن.

ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كىتابنى بىر ئوقۇپ بېقىشقا قىزىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**— سېيىت تىلىۋالدى**



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

**ياپونىيىدىن ئۆگىنىمىزمۇ ياكى كورېيىدىنمۇ؟(كىرىش سۆز ئورنىدا) .............. 1**

كورېيىنى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى بىر پارچە ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كورېيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاكتىپ ئامىللارنى زامانىۋىلىشىش ئىسلاھاتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھازىرقىدەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى قايغۇ- ھەسرەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىلىق.

**كورېيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم؟ .................................. 27**

20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دۇنيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە كورېيىمۇ قاتناشماقچى بولدى. كورېيە كوماندىسى يولغا چىقىش ئالدىدا، كورېيە پرېزىدېنتى كوماندا ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كوماندا ئەزالىرىغا قىلغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرگەنىدى: "ناۋادا ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار، بۈيۈك كورېيە دېڭىز قولتۇقى(ياپون دېڭىزى قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ)دىن قايتا ئۆتمەن، دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار!" بۇ ئۇنىڭ "ناۋادا يېڭىلىپ قالساڭلار، كورېيە خەلقىنىڭ ئار- نومۇسى ئۈچۈن دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىڭلار" دېگىنى ئىدى.

**جۇڭگولۇقلار بىلەن كورېيىلىكلەرنىڭ مىللەت خاسلىقىدىكى پەرقلەر .............. 50**

كورېيىلىكلەر بىلەن ئاز- تولا ئارىلىشىپ باقسىڭىز شۇنى ھېس قىلىسىزكى، كورېيىلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمنىيە دەۋرىدىكى مىجەز- خۇلقى ساقلانغان؛ ئۇلار ساددا، تۈز، جەسۇر كېلىدۇ؛ ھەققانىيەتنى جېنىدىنمۇ





ئەزىز بىلىدۇ؛ قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئانچە بۇلغىنىپ كەتمىگەن.

**كورېيىلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ......................... 99**

ئېشقىلىپ، كورېيىلىكلەرگە خاس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇزېيى بار. ئۇ مۇزېيلارغا قويۇلغان تەۋەررۇكلەرگە قارىغاندا، ئەمەلىي كۆرسەتمىلەر تېخىمۇ جەلپكار . مىسالەن، جىڭفۇ سارىيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سارايىنى ئېچىش ۋە تاقاش مۇراسىمىنى كۆرىسىز . بۇنداق مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم- كېچەك ۋە قورال- ياراغلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ مۇراسىم پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇسلۇبتا داغ- دوغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئېلىمىزدىكى قەدىمكىنى زورىغا دوراپ خوجا كۆردىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

**كورېيىلىكلەردىكى مىللەتپەرۋەرلىك ..................................... 126**

2001- يىلى 8- ئاينىڭ 13- كۈنى يەنى ياپونىيە باش ۋەزىرى شياۋ چۈەن چۈنيىلاڭ شېھىتلەر قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلغان كۈنى، 20 نەپەر كورېيىلىك نەۋقىران ياپونىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سېئۇلدىكى مۇستەقىللىق مەيدانىغا يىغىلدى ۋە بىردىن بارمىقىنى كېسىپ ئۇنى كورېيىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئوراپ، ياپونىيىنىڭ كورېيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. كورېيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاۋامنىڭ كەيپىياتىغا دەرھال ماسلىشىپ، ياپونىيىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى؛ پرېزىدېنت بىلەن پالاتا باشلىقىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، شياۋچۈەننىڭ بۇ ئىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى .

**كورېيە چىرىكلىككە قانداق قارشى تۇرغان؟ ......................... 147**

كورېيىنىڭ «ھۆكۈمەت خادىملىرى ئەخلاق قانۇنى»نىڭ "مال- مۈلۈكنى تىزىملىتىش ۋە ئاشكارىلاش"دېگەن ئىككىنچى بابى نەق 10 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا "تىزىملىنىدىغان مال- مۈلۈك ئىلتىماس قىلغۇچى، ئۇنىڭ جۆرىسى ۋە بىۋاسىتە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆي- زېمىنى، قولىدىكى نەق

پۇلى، بانكىدىكى ئامانەت پۇلى، زايومىلىرى ، پاي چېكى ۋە گۆھەر- ياقۇتلىرى ، قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرى ، سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ“ دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك مال- مۈلۈكلەرنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. مىسالەن، ئۇنىڭدا “پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن كەسپىي مۇئامىلىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. پۇل مۇئامىلىسى ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ بۇنى رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ” دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

**كورېيە بىلەن جۇڭگونىڭ مائارىپىدىن سېلىشتۇرما .................... 187**

كورېيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقىدا قالغان رايونلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى مائارىپقا سالىدىغان مەبلىغىدىمۇ تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت. لېكىن، بۇ تەڭپۇڭسىزلىق جۇڭگودىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. كورېيىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتا، ھەقسىز مائارىپنىڭ دائىرىسى يىراق سەھرا ۋە تاغلىق رايونلاردىن شەھەرلەرگە تەدرىجىي كېڭەيتىلىدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مائارىپ مەبلىغى ئالدى بىلەن ئارقىدا قالغان رايونلارغا سېلىنىدۇ.

**كورېيە يېزىلار مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلدى؟ .................... 203**

كورېيىنىڭ يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى يەككە دېھقانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان . بۇ ھەرىكەت گەرچە ناھايىتى داغ- دوغىلىق قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا قىلچە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزمىدى؛ جۈملىدىن، يەرلەر يەنىلا دېھقانلارنىڭ شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە قېلىۋەردى؛ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى يەنىلا دېھقانلارنىڭ ئىلكىدە تۇرىۋەردى. دېھقانلار بۇ ھەرىكەتكە ھۆكۈمەتنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكى، ئىككىنچىدىن ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ ماسلاشتى. دېمەك، بۇ ھەرىكەت كورېيىدە “يېڭى يېزا قۇرۇش ھەرىكىتى” دەپ ئاتالدى.





**يېگانە ئارالنىڭ شان- شەرىپى .................... 228**

خۇڭ چۇنچى ئىسىملىك بىرەيلەن بىر تال مىلتىقتا تايىنىپ يېگانە ئارالنى ئۆزى يالغۇز توپتوغرا ئۈچ يىل سەككىز ئاي قوغدىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاشۇ چاغلاردا ياپونىيىنىڭ پاراخوت ۋە بېلىقچى كېمىلىرى بىلەن سانسىز قېتىم تۇتۇشقانلىقى يېزىلغانىدى. 1956- يىلىغا كەلگەندە، كورېيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇش بىسەرەمجانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھېلىقى ئارالغا دېڭىز مۇھاپىزەتچى ساقچىلىرى ئەترىتىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خۇڭ چۇنچىنىڭ “ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش”تەك مۇقەددەس بۇرچى تاماملانغان بولدى. كورېيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئوردېن تاقاپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تەقدىرلىدى.

**“كورېيە مودىسى”نىڭ سىرى .................... 233**

كورېيە كىنولىرىدا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەت، ئاجىزلارغا بولغان رەھىم- شەپقەت ياكى جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئاتاش ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ؛ كورېيانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مىللەت روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مىسالەن، «تەڭرى قوشقان بىر جۈپلەر» ناملىق كىنو فىلىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پىكىر ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ گەرچە مۇھەببەت كىنوسى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا شەرقلىقلەرگە خاس ھېس- تۇيغۇ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**سېئۇل خاتىرىلىرى .................... 250**

كورېيىدە ئاپتوموبىل ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، كوچا- كويلارنىڭ ھەممىسىدە ئاپتوموبىل خۇددى دەريادەك ئېقىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، شوپۇرلار ئېزىپ- تېزىپ قائىدىنى بۇزمايدىكەن؛ كوچىلاردا ماشىنا تىقىلىپ قالىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن. لېكىن، جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە شوپۇرلارنىڭ

قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تۆت قېتىم ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ بىرى مەن ئولتۇرغان تاكسى ئىدى. تاكسى شوپۇرى بارار يېرىمگە يېتىپ كەلگۈچە نۇرغۇن قېتىم يول تالاشتى، باشقىلارنىڭ يولىغا بۆسۈپ كىرىۋالدى، ھەتتا قائىدىنى بۇزۇپ يولدا ماشىنىنى قايدۇردى.

**يەنە شۇ ھاجەتخانىنىڭ گېپى(خاتىمە ئورنىدا) .......................... 260**

ھاجەتخانا ــ ناھايىتى جىق ئەزۋەيلەنگەن تېما. ئۇ ھەقتە چەت ئەللىكلەرمۇ سۆزلىگەن، بىزمۇ سۆزلىگەن، باشقا ئەللەرنى كۆرۈپ باققان جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ كۆپ سۆزلىگەن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىزدە «سىېلىشتۇرما ھاجەتخانىشۇناسلىقى» بارلىققا كەلدى، دېسەك مېنىڭچە ئارتۇق كەتمەس. قىسقىسى، ھاجەتخانا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك بەلگە ئايلىنىپ قالدى. جۈملىدىن بەزىلەر ئەتىگەنلىكى ھاجەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلىغاچ مۇگدىشىۋاتقان بېيجىڭلىقلارنىڭ گەپلىرىدىن شەرقلىقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېتىكىسىنى پەرەز قىلسا، بەزىلەر جۇڭگودىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلىرىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ”كوللېكتىۋزىملىق ئېڭى“نى كۆرۈپ يەتتى؛ يەنە بەزىلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھاجەتخانىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ئەمەلىي ئىستېمالى جەھەتتىكى پەرقلىرىنى بىلىۋالدى. دېمەك، ھاجەتخانىنى بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ يارقىن بەلگە دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس، ئېھتىمال. ھاسىلىي كالام: جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ”كېسەل“نى سەللىمازا ساقايتىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ”مىللەت خاسلىقى“نى راۋۇرۇس ئوڭلىغاندىلا، جۇڭگو ھاجەتخانىلىرىدىكى سېسىقچىلىقنى ئۈزۈل- كېسىل يوقاتقىلى بىلىدۇ.

# ياپونىيەدىن ئۆگىنىمىزمۇ ياكى كورىيەدىنمۇ؟

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

## ئۆزگىچە ياپونلار

ئاسىيانىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغا پار كېمىلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئەجنەبىيلەر مۇنداق ئىككى ئىشقا ھەيران قالغانىدى: بىرى، رىۋايەتلەردىكى قۇدرەتلىك جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بىر پەشۋاغا يارىمىدى. يەنە بىرى، ياپونلار كرىزىس ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاقىلانىلىكى ۋە چېچەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەيۋىسىگە دۇنيادا ھېچقانداق دۆلەت ياپونىيەدەك تېز ۋە ئۇتۇقلۇق ئىنكاس قايتۇرالمىغانىدى. ياپونلار غەربتىن پۈتكۈل زېھنى بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق، قىسقىغىنا 40 يىل ئىچىدە ئالىقانچىلىك ئارالنى دۇنياۋى قۇدرەتلىك ئەلگە ئايلاندۇردى. ھالبۇكى بۈيۈك جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بولسا مەغلۇبىيەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەچكە، ئۆزىنى ئوڭشاش يولىدا ئوڭۇشسىزلىق ۋە دىشۋارچىلىقلارنى يەتكۈچە تارتىپ تاكى 100 نەچچە يىلدىن كېيىن يەنى 1949- يىلى ئاندىن سىياسىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىقلاردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى سانائەتلەشتۈرۈش دەۋرىدىلا تۇرۇپ قالدى.

جۈملىدىن ياپونىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ مەغلۇبىيىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولدى- دە، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيەدىن ئۆگىنىش جۇڭگولۇقلارنىڭ ئورتاق ئېڭىغا ئايلاندى. يەنى 1898- يىلى كاڭ يۇۋېي ياپونلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ يېزىقى ئوخشاش، ئىرقى ئوخشاش، ئىككى ئەلنىڭ كونكرېت ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ياپونلار قىلالىغان ئىشلار جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ





قولىدىن كېلىدۇ، دەپ قارىغاچقا گۇاڭشۈ خانغا "قانۇن ئۆزگەرتىشتە ياپونلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە يول تۇتۇشقا بولمايدۇ؛ شۇڭا خانىدانلىقىمىزنىڭ قانۇنىدا پۈتۈنلەي ياپونلاردىن ئەندىزە ئالماق كېرەكتۇر" دېگەن تەكلىپنى بەردى. 1907- يىلى ياپونىيىگە ئەلچىلىككە چىققان ۋەزىر دا شومۇ گۇاڭشۈنىڭ "رەقىب"ى سىشىغا "ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭلىماق زۆرۈردۇر. باشقا ئەللەرمۇ بىر- بىرىدىن ئۆرنەك ئالىدىكەن. شۇڭا بىز ياپونلاردىن ئۈلگە ئالساق، كۆپ ھەرەج تارتمايلا زەپەر قۇچالىشىمىزدا گەپ يوق" دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. سۇن جۇڭشەن ياپونىيىنىڭ يوكوخاما شەھىرىدە چېچىنى كېسىۋېتىپ، ئۆزىگە ياپونچە ئىسىم قويىدى ۋە ئۇچىسىغا ياپونلار تىككەن كاستۇم- بۇرۇلكىنى كىيىپ، جۇڭگونىمۇ ياپونىيەدەك قۇدرەت تاپقۇزۇشقا قەسەم ئىچتى. جۇڭگو ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغا كەلگەندە، ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ جۇڭگولۇقلارنى ياپونلاردىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان كىتابلار يېغىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ كوزۇر ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

ۋەھالەنكى، 100 يىلدىن بۇيانقى ياپونلاردىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدىن جۇڭگولۇقلار بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. جۈملىدىن كاڭ يۇۋېينىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى ھەش- پەش دېگۈچە مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھەرىكەت گۇاڭشۈ خانىنىڭ 100 نەچچە پارچە پەرمان چۈشۈرۈشىگە تۈرتكە بولغانىدىن باشقا، جۇڭگو جەمئىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى. ۋالىدە خان سىشى ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇش ئىشىدا ياپونىيىنى دوراپ بېقىۋىدى، غازنى دوراپ ماڭىمەن دەپ ئۆردەكنىڭ چاترىقى يىرىلىپتۇ، دېگەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ياپونىيىنى ئۈلگە قىلىپ باققان سۇن جۇڭشەن بىلەن جياڭ جيېشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرالمىدى. جۇڭگو پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپتى. بۇ يول غەرب ئەللىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك شېرىن ئارزۇ- ئىستەككە مۇخالىپ ئاقىۋەتلەر، ياپونىيە تەجرىبىسىنى جۇڭگوغا شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ ئاقمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى دەل جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ شەرت- شارائىتى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەردىن بولغانلىقىدا.

لېكىن، جۇڭگولۇقلار ياپونىيىنى "يېزىقى ۋە ئىرقى ئوخشاش، يېقىن قوشنىلار" دەپلا قارايدۇ. دۇرۇس، ھەربىر جۇڭگولۇق ياپونىيىنىڭ ئىلگىرى جۇڭگونى ئۇستاز تۇتقانلىقىنى، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ چاگئەن شەھىرىگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»نى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا 100 نەچچە يىل مابەينىدە جۇڭگولۇقلار"جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ شۇڭا ياپونىيىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنسەك ئاسانغا چۈشىدۇ" دېگەن خاتا تونۇشتا بولۇپ كەلدى.

بۇ خاتا تونۇشلا ئەمەس، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىدى.

چۈنكى ياپونلار دۇنيادىكى ھېچقانداق مىللەتكە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە مىللەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونلاردىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىككە تەبىر بېرىشمۇ ناھايىتى قىيىن. بۇ ھەقتە بېنىبې.دىككېرت "ئامېرىكىنىڭ جان- جەھلى بىلەن ئېلىشىپ باققان دۈشمەنلىرى ئىچىدە ياپونلار خۇلق- مىجەزىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خەق" دېگەنىدى. لى گۇاڭياۋمۇ "ياپونىيە ئادەتتىكى دۆلەت ئەمەس، ئۇ بىر پەۋقۇلئاددە دۇنيا. شۇڭا بۇ نۇقتىنى ئەستە تۇتماي بولمايدۇ" دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقانىدى.

ئەمەلىيەتتە، ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى جۇڭگونىڭكىگە





ئەمەس، بەلكى غەرب ئەللىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئالايلۇق، بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق يولغا قويۇلغان قەدىمكى جۇڭگودا جاھاننىڭ ھەممىۋاسى پادىشاھنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، ياپونىيىدە بولسا غەربنىڭ زېمىندارلار تۈزۈمىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان تۈزۈلمە يولغا قويۇلغانىدى. ياپونىيىنىڭ تۇنجى ئوغۇل مىراسخورلۇق تۈزۈمى، ۋارىسلىق دەرىجىسى تۈزۈمى، ھوقۇقنى تېننۇغا(ياپونىيە تەگرىقۇتى — تەرجىماندىن) ۋە خاندانلىق مەھكىمىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى، سامۇرايلار تۈزۈمى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى يېقىن قوشنىسى جۇڭگونىڭكىگە ئەمەس، بەلكى ياۋروپا- ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ يەنە بىر چېتىگە جايلاشقان فېئوداللىق دەۋرىدىكى غەربىي ياۋروپانىڭكىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

گەپنى ئۇدۇللا دېسەك، قەدىمكى جۇڭگودا ھەرقانداق ھوقۇق پادىشاھقا مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەنىدى. ئەمما ياپونىيىدە بولسا ھەرقانداق قارار ۋەزىر- ۋۇزرالارنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى ئاساسىدا چىقىرىلاتتى. ياپونىيىدە تېننو شاھ "ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ ئىگىسى" دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەتتا قورساق تويغۇزۇشتىمۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان قارانچۇق بىچارە ئىدى. رېسچائۇرنىڭ «ياپونلار» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ياپونىيىنىڭ قايسى بىر دەۋرىدىكى تېننو شاھى يوقسۇزلۇقتىن ھەتتا ھۆسنخەتلىرىنى خۇپپىيانە ئاچىقىپ سېتىشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

كۈڭزىچىلىققىلا بەيئەت قىلىنىدىغان جۇڭگودا ئىدىيۋى مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۇڭزى ئىدىيىسى ھەرقانداق پۇقرانى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئۆزگەرمەس قاتمال ئەقىدىگە ئايلانغانىدى. ئەمما ياپونىيىدە بولسا ھۆكۈمدارلار قاتىلىمى سانىلىدىغان خاندانلىق مەھكىمىسى سامۇرايلىرى ھەقىقىي ئىدراكچىلاردىن بولۇپ، زىيالىيلار ئاساسەن ئەقىلچى ۋە ياردەمچى ئەمەلدارلىق رولىنى ئوينايتتى؛ شۇڭا پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىلەتتى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋېي يۈەن «چەت ئەل جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغانىدى. لېكىن جۇڭگودىكى زىيالىيلار بىلەن بيۇروكراتلار بۇ كىتابنى پەرۋايىغا ئالماي چۆرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب جۇڭگو زېمىنىدىن يوقالدى. ئەمما ياپونلار بولسا بۇ كىتابنى تۇتىيا بىلىپ، قايتا-قايتا نەشر قىلدى.

جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپلا "بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار" دەيدىغان ئىدىيىگە بەيئەت قىلىنىپ كەلدى. لېكىن ياپونىيە مالتۇسنىڭ نوپۇس تەلىماتى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا نوپۇسقا چەك قويغانىدى. جۇڭگولۇقلار ئادەتتە ئائىلىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن ياپونلار بولسا كوللېكتىپقا ساداقەت كۆرسىتىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ناتۇرال دېھقانچىلىق ئىگىلىكى سىياسىي تۈزۈمنى بەكمۇ قاتماللاشتۇرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بيۇروكراتلار تۆرىنىڭ كاللىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، سودىگەرلەرنى كالاچ بازىرىدا قالدۇرىۋەردى. قەدىمكى ياپونىيىدە تاۋار ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي تاپقان؛ شۇڭا سودىگەرلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەتتا بەگلەرنى كونترول قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشالايتتى. يەنە كېلىپ ياپونىيە مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى مەزگىلى(مىلادى 1868-يىلى)دىلا ئىگىلىك تىپىنى يېڭىلاپ بولغانىدى. ھالبۇكى ئېلىمىزدە بولسا ناتۇرال دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلانماقتا.

... ...

دېمەك، ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا تەمتىرىمەي يۈگۈرەلىشى، ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى قەدىمكى ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرىكى غەربىي ياۋروپانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ زامانىۋىلىقا يۈزلىنىشتە جۇڭگوغا ئوخشاش





تالاپەتكە ئۇچرىمىدى. يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، ياپونىيىنىڭ تەجرىبىسى ئېلىمىزگە نىسبەتەن مۇئەييەن دائىرىدىلا كارغا كېلەتتى. لېكىن ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگو زەئىپلەشكەن قېرىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ناتۇرال ئىگىلىكتىن ئىبارەت بۇ كېلەڭسىز قوشۇننى قاتمال ئاك ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتىدە چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان چىرىك بيۇروكراتلار تۇپېغا تايىنىپ، يېتەكلەپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئوڭشاش بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى، ئەلۋەتتە.

## قەدىمكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جۇڭگودىن مەدەنىيەت ئۆگىنىشى

چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ كەلدى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلى قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونى مۇكەممەل ئۈلگە قىلىپ كەلدى. يېرىم ئارىلى قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونى مۇكەممەل ئۆرنەك بىلگەچكە، ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگونى ئۈلگە قىلاتتى.

چاۋشيەن لى خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى لى چېڭگۈي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئوخشاشلا خانلىق تەختىنى ئەلەم كۈچى بىلەن تارتىۋالغانىدى. ئۇ نەسەپ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدىي ساقلاش ئۈچۈن، قەدىمكى جۇڭگونىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئەينەن كۆچۈردى، شۇنداقلا قەلەمدارلارنى بېشىغا ئېلىپ، ئەلەمدارلارغا ئېتىبارسىز قاراپ، كوڭزىچىلار مۇستەبىتلىكىنى يۈرگۈزدى.

لى خاندانلىقىمۇ ئەمەلدارلارنى تاللاشتا كېجۈي تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. چاۋشيەننىڭ كېجۈي تۈزۈمىدىمۇ جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىدىكىگە ئوخشاش ئىمتىھان پۈتۈنلەي تالىپلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى بوغۇش مەقسىتىدە لايىھىلىنەتتى. جۈملىدىن تالىپلاردىن پۈتۈنلەي «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر»نى قارىيچىلاپ يادلاپ بېرىش

تەلەپ قىلىناتتى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. دېمەك، بۇ خىل ئىمتىھاننى ئەمەلدار تاللاش دېگەندىن كۆرە مۇستەبىت تۈزۈمگە قورۇقچى تاللاش دېگەن تۈزۈك، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئىمتىھاندا كۆپىنچە «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر»دىكى ئەخلاق دوگمىلىرىنى يادلاشقا ئۇستا تالىپلار تاللىنىپ چىقاتتى. چۈنكى بۇ خىل ئەمىر- مەرۇپ دوگمىلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىلچە پايدىسىز بولغىنى بىلەن، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۈچۈن رولى چوڭ ئىدى. شۇڭا لى خاندانلىقىنىڭ بيۇروكراتلىرىمۇ جۇڭگونىڭ ھاكىممۇتلەقچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. يىن باۋيۇن «كۇڭزىچى ئەللەردىكى زامانىۋىلىق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بيۇروكراتلار قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، كاللا دېسە پاچاق دەيدىغانلاردىن بولغىنى بىلەن ھوقۇق، نام- شۆھرەت ۋە بايلىق شۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بۇ ئوڭدا يېتىپ يەيدىغان تەييارغا ھەييار غوجاملار ئەينى زاماندا جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ گۇرۇھ ئىدى."

ئوردا ئەمەلدارلىرى گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ئۆزئارا ئورا كولىشاتتى، ھوقۇق- مەنپەئەت تالىشاتتى. قەدىمكى چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىدىمۇ خۇددى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى "مەغرىب پىرقىسى" بىلەن "ئاغۋاتلار پىرقىسى"نىڭ تۈگىمەس جەڭگە- جېدەللىرىگە ئوخشاش، "مەشرىقلەر"، "مەغرىبلەر"، "جاھىللار"، "جەدىتلەر" دېگەندەك گۇرۇھلار ئارىسىدىكى تەپرىقىلەر تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. ئېلىشىشتا قايسى تەرەپ يېڭىپ تەختكە چىقمىسۇن، قارشى تەرەپنى كۆزدىن يوقىتاتتى؛ ھەتتا قارشى تەرەپنى ئۇرۇقىدىن قۇرۇتىۋېتەتتى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئوردىدىكى پىرقىلەر ئارا ئەۋج ئالغان جەڭگە- جېدەل ئاخىرى بېرىپ ئەلنى ھالاك قىلغان بولسا، قەدىمي چاۋشيەن ئوردىسىكى گۇرۇھلار تەپرىقىسى ئاخىرى 16- ئەسىرگە كەلگەندە دۆلەتنى ياپونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.





ئېلىمىز مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ ئاۋامنى ئىسكەنجىسىدە چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، پۇقرالارنى دەرىجىگە ئايرىپ، يول خېتى تۈزۈمىنى ئىشقا سالغانىدى. يەنى ئادەتتىكى پۇقرالار 100 چاقىرىم دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقماقچى بولسا تۆرىلەر مەھكىمىسىدىن يول خېتى ئالاتتى. يول خېتى ئالمىسا قاچقۇنلار قاتارىدا جازاغا تارتىلاتتى. شۇڭا پۇقرالار ئۇ چاغدا بەئەينى مەھبۇسلارغىلا ئوخشايتتى. ئەمما چاۋشيەن لى خاندانلىقى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسىدىنمۇ ئاشۇرىۋەتتى. يەنى پۇقرالارغا خۇددى مەھبۇسلاردەك نومۇر سالدى. پۇقرالار ئادەتتە بوينىغا نومۇر تاختىسىنى ئېسىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. تاختىغا پۇقرالارنىڭ ئىسىم- فامىلىسى، يېشى، سالاھىيىتى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنى يېزىپ قويۇلاتتى. دورغىلار پۇقرالارنىڭ بوينىدىكى نومۇر تاختىسىنى خالىغانچە تەكشۈرۈپ كۆرەتتى.

چاۋشيەنىنىڭ لى خاندانلىقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوخشاشلا مۇقىملىقنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلغانىدى. شۇڭا چاتاق چىقىپ قالارمىكىن دەپ خەۋپسىرەپلا يۈرىدىغان بيۇروكراتلار گۇرۇھى جەمئىيەتنى چاڭگىلىدا ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. پۇقرالار توپلىشىپ قالسا جەمئىيەت مۇقىملىقىغا نۇقسان يېتىدۇ دەپ قارىغان لى خاندانلىقى ھەتتا ئاستانىدىن باشقا جايلاردا بازار ئېچىشنىمۇ تەقىپ قىلىۋەتكەنىدى.

بۇنىڭدا قەدىمكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ زامانلاردا چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىنىڭ كۈچلۈك دەۋىتى ۋە كورىيان مىللىتىنىڭ ئۆتە كاجلىقى ۋەجىدىن چاۋشيەن زىيالىيلىرى چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتى[1] ئەقىدىلىرىگە ھەتتا جۇڭگو زىيالىيلىرىدىنمۇ ئۆتە چىڭ يېپىشۋالاتتى. ئۇلار گويا ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلەرگە ئوخشاش،

[1] (程朱理学)ئېلىمىز سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چېڭ خاۋ، چېڭ لاڭ ۋە جۇ شى قاتارلىقلار ياراتقان كۇڭزى تەلىماتى ئېقىمى، ئۇ يەنە تەرىقەت تەلىماتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ - تەرجىماندىن.

جۇڭگونىڭ چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتىنى بىر تۈرلۈك پەلسەپە دەپ ئەمەس، بەلكى جاھان ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدىغان، ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق ھەقىقەت، دەپ بىلەتتى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمدىن ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئېتىقاد قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. كورىيىلىك ئالىم خۇاڭ بىڭتەي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: "كورىيە كۇڭزىچىلىقىدا ئەلنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى كورىيىنىڭ مۇستەبىت ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن، پۇقرانى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك تۈپكى ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە سىياسىي مىزان سۈپىتىدە بويسۇندۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى." چېڭ جۇ تەرىقەت تەلىماتى ھەتتا جۇڭگودىمۇ كورىيىدىكىدەك ئۇلۇغلىنىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، قەدىمكى كورىيە زىيالىيلىرى كۇڭزىچىلىق ئەسەبىيلىكىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭكىدىنمۇ رادىكاللاشتۇرۇپ، ئىنسانىي ئادىمىلىكتىن تېخىمۇ چەتنىدى. ئاشۇ خىل ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكنىڭ ھاكىملىقى بىلەن، چاۋشيەن خانلىق ئوردىسىدىكى پىرقىلار كۈرىشى  جۇڭگونىڭكىدىنمۇ كۈچىيىپ، ئاخىرى ھايات- ماماتلىق جەڭگە- جېدەل دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئۇ زامانلاردىكى چاۋشيەن ھۆكۈمران سىنىپى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەكلىدىكى مەنىۋى مۇستەبىتلىكنى جان- جەھلى بىلەن تەرغىپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەقسىدىگە يات ھېچقانداق پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول قويمايتتى. كۇڭزىچىلىق ئەقىدىسى، قەدىمكى چاۋشيەننىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىنى بىر- بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ، ئاخىرى ئۇلارنى ھەرقانداق يېڭىلىققا پەقەت چەتكە قېقىش بىلەنلا ئىنكاس قايتۇرىدىغان گاراڭلىققا مۇپتىلا قىلىۋەتتى.

قىسقىسى، قەدىمكى چاۋشيەندىكى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى "مۇقىملىقنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇش"، "ئەبەدىلئەبەد ئاسايىشلىق بەرپا قىلىش"تەك سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشتا جۇڭگونى ئۇستاز تۇتۇپ، جۇڭگونىڭكىدىنمۇ





مۇتەئەسسىپ مۇستەبىت جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ چىقتى. دېگەندەكلا بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم جەمئىيەت مۇقىملىقى نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرالىغاچقا، لى خاندانلىقى 500 يىلغا يېقىن دەۋر سۈردى. ھالبۇكى بۇ خىل تۈزۈلمە ھەرقانداق يېڭىلىقنى چەتكە قاقىدىغان ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا ئىدى. چۈنكى يېڭىلىق يارىتىشتا كونا مەنپەئەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر قەدەمدە ھوقۇق تالىشىش خۇسۇسىدىكى قانلىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەتتا دۆلەت يات ئەللەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلاردىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولاتتى.

چاۋشيەن  يېرىم ئارىلى ئەجنەبىيلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرىلا جۇڭگو جەمئىيىتىدىكىگە ئوخشاشلا نۇرغۇن قۇسۇر- ئەيىبلەرنى ئۆزىدە ھامىلە قىلىپ بولغانىدى. جۈملىدىن چاۋشيەن جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلغان مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئېلىپ، ئۇنى ھەتتا تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغانىدى.

دېمەك، كورىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاكتىپ ئامىللارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھازىرقىدەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى ھەسرەت- نادامەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

## 300 يىل مابەينىدىكى ئۈچ پارچە ساياھەت خاتىرىسى

چيەنلۇڭنىڭ 46- يىلى 6- ئايدا چاۋشيەننىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى چيەنلۇڭ خانىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىق مەۋلۇت كۈنىنى پادىشاھ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

نامىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پيوڭياڭدىن يولغا چىقىپ ئېلىمىزنىڭ چېگدې شەھىرىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پياۋ جىيۆەن ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق پۈتۈكچى بولۇپ، ئۇ قەلىمى كۈچلۈك، بىلىدىغىنى كۆپ كىشى ئىدى. جۇڭگو مەدەنىيىتى پياۋ جىيۆەننى ئاجايىپ جەلىپ قىلدى. شۇڭا ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپلا جۇڭگودا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى «رېخې خاتىرىلىرى» دېگەن نامدا كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابتا جۇڭگونىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغا بىر كورىيانىڭ نەزىرى بىلەن باھا بېرىلگەنىدى.

«رېخې خاتىرىلىرى»دە ئاپتورنىڭ كۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسە مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرقى بەزى جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيە ياكى ياۋروپا سەپىرىدىن كېيىن يازغان ھاسىلىي خاتىرىلىرىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. «رېخې خاتىرىلىرى»دە يېزىلىشچە، ئەينى چاغدىكى جۇڭگو ئاپتورنىڭ نەزىرىدە گويا ھازىرقى ئامېرىكا ۋە ياپونىيىگە ئوخشاش تەرەققىياتتا چېكىگە يەتكەن دۆلەت ئىدى.

يات ئەلنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلاپ كىرگەن پياۋ جىيۆەن جۇڭگونىڭ بىر چېگرا بازىرىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: "ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئېگىز، دەرۋازىلىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى، دەرۋازا ئالدىدىكى كوچىلار تۈز ھەم تەكشى ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاناپتەك تۈز ھويلا تاملىرى پۈتۈنلەي خىشتىن قوپۇرۇلغانىدى. يولدا ئۇياقتىن- بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان رېكشىلار، دۇكاندىكى رەتلىك تىزىپ قويۇلغان قاچا- قۇچا، فارفۇر ۋە ھۆسنخەت- رەسىملەردىن بۇلارنىڭ ناھايىتى مەدەنىي خەق ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى."

لېكىن، چېگرا بازىرىدىكى بۇ ھالەتنى كۆرگەن پياۋ جىيۆەن نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دۆلىتىگە دەرھال قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ھەقتە "تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى، ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىنلا





ئارقامغا قايتىش نىيىتىگە كەلدىم" دەپ يازىدۇ. ئەسلىدە ئۇ چاۋشيەننىڭ جۇڭگودىن بەكمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىغان، شۇنداقلا ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەرسە يۈرەكلىرىنىڭ تېخىمۇ زەرداپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ چېگرىدىكى كىچىككىنە بىر بازىرى بۇنداق تۇرغان يەردە، ئىچكىرىدىكى ئاۋاتراق جايلىرىنىڭ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغانىدى.

پياۋ جىيۆەن كۆزىگە چېلىققان ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ئەتراپقا شۇنداق نەزەر سالسىڭىز ھەممە نەرسە كۆزىڭىزگە رەتلىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان چوكا چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۇچرىتالمايسىز؛ ھەتتا ئېغىل- قوتانلىرىمۇ ئەپچىل ۋە كۆركەم بولۇپ، قوتاننىڭ ئالدىدىكى قىغ دۆۋىلىرى كۆزىڭىزگە بەئەينى نەپىس سىزىلغان رەسىمدەك كۆرۈنىدۇ."

ئېھتىمال جۇڭگولۇقلاردىن ھېچكىم قىغ دۆۋىلىرىنى "نەپىس سىزىلغان رەسىمدەك" دەپ تەسۋىرلەپ باقمىغان بولسا كېرەك.

پياۋ جىيۆەن كىتابىدا ئاشۇ بازار ھەققىدىكى تەسىراتلىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: "ئاۋات رەستىلەر بەئەينى خان ئوردىسىدەك ياسىداق ئىدى. جۇڭگونىڭ بۇنچىۋالا مەمۇرچىلىقتا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تۇتاش سېلىنغان دۇكانلار بىر- بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئىشىك- دېرىزىلەر ۋە تۈۋرۈكلەردىكى رەڭدار نەقىشلەر، يېشىل كاھىشلار ئاستىدىكى ئالتۇن ھەللىك ۋېۋىسكىلار كۆز چاقنىتاتتى. دۇكاندىكى ماللار بىر- بىرىدىن ئېسىل ئىدى."

بۇ سەزگۈر سەيياھنىڭ نەزىرىدە قەدىمكى جۇڭگو ھەر جەھەتتىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، كامالەتكە يەتكەن دۆلەت ئىدى. يەنى پياۋ جىيۆەن ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قاتمال ۋە كونا قائىدە- يوسۇنلىرى پۇقرانى

جېنىدىن جاق تويغۇزغان چىلىك سۇلالىسىنى ھەرقانداق ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەدەنىيەتلىك ئەل، دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئۇ چاۋشيەن جۇڭگودىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۈلگە ئالغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدى.

ئارىدىن 113 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1893 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېلىمىز جۇڭگو زەئىپلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ پېتىپ، تاجاۋۇزچى يات ئەللەرنىڭ ھاقارىتىگە چىش يىرىپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ جۇڭگو چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا قارىغاندا يەنىلا كۈچلۈك ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە جۇڭگونىڭ لەشكىرىي ئەمەلدارى نيې شىچېڭ شەرقىتىكى ئۈچ ئۆلكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يول ئۈستىدە چاۋشيەنگە كىرىپ باققانىدى. كېيىن چاۋشيەندە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىدىن بىر خاتىرە يېزىپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ يازغانلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چاۋشيەننىڭ قالاق تەرەپلىرى ئىدى.

نيې شىچېڭ مۇنداق يازىدۇ: ”چاۋشيەنگە كىرىشىمىزگە ئايماق ۋالىيسى قورۇقچىلىرى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇلارنىڭ قورۇقچىلىرى ئاتام زاماندىكىدەك كونىچە پاسوندا بولۇپ، دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى كېلەڭسىز، قولىدا كۆتۈرۈۋالغىنى جۇڭگولۇقلار قۇش ئاتىدىغان ئوۋ مىلتىقى ئىدى. مەھكىمە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز چىمۇ كەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تاش ـ شېغىللار قالايمىقان دۆۋىلەنگىلىك تۇراتتى، سېپىل كۈنگۈرىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۆپچۆرىدە تۈزۈكرەك رەستىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پۇقرالارنىڭ رەتسىز تىكىلگەن كەپىلىرىنىڭ ئالدى ئىنتايىن مەينەت ئىدى.“

”ئايماق ۋالىيسى بىزگە زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك شىرە قويۇلدى، ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرى مىستىن ياسىلىدىكەن، بىراق بىر خىل غەلىتە پۇراقنىڭ دەستىدىن





گالدىن تاماق ئۆتۈدىغاندەك ئەمەس ئىدى.“

”بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىز فۇنىڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھكىمىگە باردۇق. سېپىل ئىچى ناھايىتى چۆلدەرەپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن پۇقرالارنىڭ غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. كورىيانلار ناھايىتى يالقاۋ بولغاچقا، ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، كېيىنلىكىنى ھەرگىز ئويلاپ قويمايدىكەن، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇنى ئەقىل ئىشلىتىپ جانلىق ھەل قىلماي، كونا رامكىلارغا ئېسىلىۋالىدىكەن؛ كۆپ كىتاب ئوقۇمىغان بولغاچقا يازغانلىرى بىر ـ بىرىگە قولاشمايدىكەن؛ يازغان ئون ئېغىز سۆزىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن...“

نيې شىچېڭ چاۋشيەن سەپىرىدىن كېيىن، چاۋشيەننىڭ پۇقرالىرى نامرات، يۇقىرى تەبىقىدىكىلىرى ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، جاھىل ۋە قاتماللاردىن ئىكەن، دېگەن يەكۈنگە كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا جۇڭگولۇقلار ئانچە ـ مۇنچە ئويغانغان ۋە ئەجنەبىيلەردىن ئۆگىنىپ ئۇلارنى ئاز ـ تولا دوراشنى باشلىغان چاغلار ئىدى. لېكىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بولسا يەنىلا تاشقى دۇنيادىن قىلچە بىخەۋەر بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى.

ئىشقىلىپ، ئۇ چاغلاردا چاۋشيەنگە بېرىپ باققانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نيې شىچېڭغا ئوخشاش ”بۇ دۆلەت تۈگىشىپتۇ“ دەپ قارىغانىدى. مەسىلەن، جياۋۇ ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيىنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى خىللېر بىر پارچە خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: ”مېنىڭ قارىشىم بۇ دۆلەتنى كۆرۈپ باققان ھەرقانداق ئادەمنىڭكى بىلەن بىردەك. دېمەكچىمەنكى، بىرەر پىلانىنى تۈزۈپ ئۇنى كورىيانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا قالدۇرۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇلار نادانلىق ۋە چىرىكلىكتە ھەددىدىن ئېشىپتۇ، بۇ خەقنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قىلچە ئۈمىد قالماپتۇ.“

تاكى 1916 ـ يىلىغا كەلگىچە كورىيە يەنىلا ”تۈگەشكەن دۆلەت“

دەپ قارىلىپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ نامرات، سىياسىي جەھەتتە ئەڭ چىرىك ئەللەر قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگومۇ دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن كورىيە جۇڭگودىنمۇ نامرات ئىدى. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار كورىيىنى “قىلچە ئۈمىد قالمىغان ھالاكەت جىلغىسى” دېيىشكەنىدى.

ھالبۇكى، كورىيىنىڭ ئويغىنىشى ئەينى زاماندىكى ياپونىيىگە ئوخشاش دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى نەچچە ئېرا غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ ئەلنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ھامىلە ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. 1962- يىلىدىن 1980- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 83 دوللاردىن 1553 دوللارغا يەتتى. بۇنداق تېز سۈرئەتلىك كاتتا تەرەققىيات كورىيىنى بىراقلا يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلەتلىرى قاتارىغا ئېلىپ كىردى. جۈملىدىن كورىيىنىڭ كېمىسازلىق، ئاپتوموبىل، ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى، سۈنئىي تالا قاتارلىق ساھەلەردىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارغا كىرىپ، كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەيران قالارلىق رىقابەت كۈچىنى نامايان قىلدى. 1988- يىلى كورىيە كېيىن تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىلىشىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە كورىيە ئۆتكۈزگەن شۇ قېتىملىق پائالىيەت ئولىمپىك تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مەرىكە بولدى. 1991- يىلى كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە GDPقىممىتى 6000 دوللاردىن ئېشىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەھەتتە ”ئاسىيادىكى تۆت نوچى“نىڭ بىرىنچىسى بولدى. ئۇ چاغدا گەرچە كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە GDP قىممىتى سىنگاپور، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەننىڭكىدىن كېيىن تۇرسىمۇ، لېكىن كورىيە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىرگە،



كورىيىلىكلەردىن نەرىمىز كەم

دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش جەھەتتىمۇ بۆسۈش ياسىغانىدى. تېخنىكا ۋە مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەردە كورىيە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىگە كۈچلۈك خىرىس پەيدا قىلىپ، دۇنيادىكى ”ئىككىنچى ياپونىيە“ دەپ ئاتالدى.

1995- يىلى كورىيە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 10 مىڭ 37 دوللارغا يەتكۈزۈپ، تۈمەن دوللارلىق نىشاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن كورىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇنيادا 11- ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ خىل بۆسۈش كورىيانلارنىڭ يۈرىكىدە كورىيىنى دۇنيادىكى ئون چوڭ كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزۈش، 2010- يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى ئامېرىكا، ياپونىيە، جۇڭگو ۋە روسىيىدىن قالسىلا بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئاسىيا ھەتتا دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشتەك كۈچلۈك ئىستەك تۇغۇلدى.

مانا ھازىرچۇ؟ كورىيىنى كۆرۈپ باققان جۇڭگولۇقلار 200 يىل بۇرۇنقى پياۋ جىيۈەننىڭ جۇڭگونى ماختىغىنىدەك كورىيىنىڭ ھەممە نېمىسىنى ماختايدۇ، گويا ئەينى زاماندىكى پياۋ جىيۈەن ئۆز ئېلىنىڭ ئاۋارىلىقىدىن ھەسرەت چەككەندەك، جۇڭگونىڭ قالاقلىقىدىن نادامەت ئىچىدە ئۇھ تارتىدۇ.

ئەينى زاماندا پياۋ جىيۈەن جۇڭگودىكى بىر بازارنىڭ رەتلىك ۋە كۆركەملىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولسا، ھالا بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار كورىيىنىڭ پاكىزلىقىغا ھاڭ- تاڭ قالىدۇ.

مەلۇم بىر توردا مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ: ”سېئۇل، چاڭ- توزانسىز، ساپ ھاۋالىق كوچىلىرى بىلەن بېيجىڭدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق قارىسىڭىز زەررە چاغلىق چاڭ- توزان قونمىغان يوللاردىن باشقا ھەممە ياقنى ياپيېشىل چىمەنزارلىق قاپلىغانلىقىنى كۆرىسىز. كۆك ئاسمان گويا سۇدا يۇغان ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە تىنىق كۆرۈنىدۇ، توپ- توپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئەرشتە ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق

تۇلپارلارنى ئەسلىتىدۇ.“

”سېئۇلدىكى ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى تولۇق ۋە مۇكەممەل بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىلار تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. مېھمانسارايلارنىڭ ھاجەتخانىلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىچىككىنە ئاشپۇزۇللارنىڭ ھاجەتخانىلىرىمۇ ئىنتايىن پاكىز بولىدىكەن. سېئۇلدا گەرچە پۇل ئالىدىغان ھاجەتخانىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ھاجەتخانىنىڭ ھەرقاندىقىدا قەغەز، ئەينەك دېگەندەك نەرسىلەر كەم بولمايدىكەن. چوڭراق ئورۇنلارنىڭ ھاجەتخانىلىرى تېخىمۇ مۇكەممەل لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەتتا مېيىپلار ئولتۇرىدىغان ئورۇنلارمۇ ئايرىم ياسىلىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ئېلىمىزدىكى ئاممىۋى سورۇنلارغا تەۋە نۇرغۇن ھاجەتخانىلارنى قوتاندىن قېلىشمايدىكەن، دەپ قالدىم. كورىيىدە كىشىلەر ھاجەتخانىنى ’پەردازخانا‘ دەپ ئاتايدىكەن. ھەتتا، مەنمۇ كورىيىدە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ھاجەتخانىلاردا گىرىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.“

پىياۋ جىيۈەن ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ماختىغانىدى. مانا ئەمدى بىز جۇڭگولۇقلار كورىيانلارنى ”ساپالىق خەقكەن“ دەپ ماختىغىلى تۇردۇق:

”كورىيىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى بولغاچقا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا قېرى- ئاجىزلارغا ئۆزلۈكىڭىزدىنلا ئورۇن بوشىتقىڭىز كېلىدۇ. قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش كورىيىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ھېچكىم يولدىن كېسىپ ئۆتمەيدىكەن، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى پىيادىلەر ئۆتىدىغان بالداقلىق يولنىڭ ئېغىزىدا تىزىلىپ تۇرۇپ، ئۇدۇلدىكى يېشىل چىراغ يانغاندا ئاندىن ئۆتىدىكەن.“

نىي شىچېڭ ئەينى زاماندا كورىيانلارنىڭ لايغەزەللىكىدىن خورسىنغان بولسا، مانا ئەمدى بىز يېڭى زامان كورىيانلىرىنىڭ





ئىشچانلىقىنى تەرىپلەشكە ئۆتتۇق: ”ئادەتتە كوچىدا كېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ يول مېڭىش سۈرئىتىدىن شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىھاتچان ياكى ئەمەسلىكى، ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولارمىش. ئاسىيادا توكيولۇقلارنىڭ كوچىدىكى مېڭىشى ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىنمۇ تېز ئىدى. لېكىن شياڭگاڭلىقلار بۇ جەھەتتە ياپونلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ۋەھالەنكى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، كورىيانلارنىڭ يولدا شياڭگاڭلىقلاردىنمۇ تېز ماڭىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ھەتتا ياپونلارنىڭ ئۆزىمۇ ’ھازىرقى كورىيانلار ئىلگىرىكى ياپونلاردەك تىرىشچان بولۇپ كەتتى‘ دەپ ئۇھ تارتارمىش.“

بۇلارنى سىلىشتۇرۇپ كۆرسە ئادەمگە گويا يەر- جاھان چۆرگىلەپ، زاماننىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ.”ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ“ دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. نەچچە 10 يىل ئىچىدىلا جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى بىلەن كورىيىنىڭ قالاقلىقى خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا ئالمىشىپ قالدى. بۇ ھال بىزنى ”بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟“ دېگەن چىگىش سوئال ئىچىدە گاڭگىراتماقتا.

مېنى كورىيىنى تەتقىق قىلىپ كىتاب يېزىشقا دالالەت قىلغان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ سوئالدۇر.

## بىز سەل قارىغان كورىيە تەجرىبىسى

كورىيىنىڭ قانداق قەد كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەندە تۇيۇقسىزلا ”كورىيىنىڭ تەجرىبىسى، زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان كۈچىزچىلار ئېقىمىدىكى جەمئىيەتكە يېڭىچە چىقىش يولى ئىمكانىيىتىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىكەن“ دېگەن تەسىرات پەيدا بولدى.

كورىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق

ئىككى ئاملغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، كورىيە زامانىۋى تۈزۈمنى ئۇزۇل- كېسىل قوبۇل قىلدى؛ يەنە بىرى، كورىيان مىللىتىنىڭ مىللەت خاسلىقىنى خېلى مۇكەممەل ساقلىيالىدى. كورىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئەمەللىرىدىن "پىلانلىق ئىگىلىك ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىش، ئامىمىۋى ھەرىكەت قوزغاش، ۋەتەننى ئائىلە دەپ بىلىشتەك خالىسانە روھ..." دېگەنگە ئوخشاش بىزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن نەرسىلەردىن ئۆزگە ھېچقانداق سىرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. قىسقىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇنقى كورىيە جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى تۇغقاندارچىلىقى بىزنى "كورىيانلار قىلالىغان ئىشلار جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ" دېگەن ئويغا كەلتۈرمەي قويمايدۇ.

1978- يىلدىن بۇيانقى 25 يىل مابەينىدە، جۇڭگودا غايەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن مەسىلىلەر تىندۇرمىسى ئىچىدە قالدۇق. دۇرۇس، ئۆز ۋاقتىدا كورىيىمۇ ئاشۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچار بولغانىدى. لېكىن كورىيانلار ئۇ مەسىلىلەرنى جۇڭگوغا قارىغاندا تېز، ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالىدى.

مېنىڭچە، جۇڭگوچە ئىسلاھات بىلەن كورىيىچە تەرەققىيات ئارىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، كورىيە تەرەققىياتتا مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ، نەزىرىنى يىراققا تىكتى، دۆلەت سىياسىتىمۇ بۇنىڭغا يېمىرىلمەس قالقان بولالىدى. جۇملىدىن ئۇلار مائارىپ، پەن- تېخنىكا ۋە مۇھىتقا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەردى. لېكىن ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ھالقىلىق ساھەلەردە قوللانغان تەدبىرلىرىنى كورىيىنىڭكىگە تەڭلەشتۈرۈپ بېقىش تەسرەك. يەر ۋە ئېغىر سانائەتكىلا تايىنىشتەك كونا دەسمايىمىز ئۈچۈن ئاخىرى مائارىپ، مۇھىت ۋە بايلىقنى قۇربان قىلىپ بەردۇق. جۇملىدىن ئەلنى





تەرەققىياتقا يېتەكلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزدە بار تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئىمكانىيەتلەرنى ۋەيران قىلدۇق.

مائارىپنى ئېلىپ ئېيتساق، كورىيە ئاۋامنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، ئىشنىڭ بېشىدىلا "مائارىپقا يول بېرىش"كە ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن گالغا يەيدىغاننى مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، مائارىپنى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. شۇڭا، كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا سالغان دەسمايىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدە ئىزچىل يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تەڭ قەدەم ئالغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئالايلۇق، 1945- يىلى كورىيىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى 75 پىرسەنت بولۇپ، جۇڭگودىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن 51 يىل ئۆتۈپ 1996- يىلغا كەلگەندە، كورىيىلىكلەر ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە پۇقرالارنىڭ نىسبىتى 37 پىرسەنتكە يەتتى. جۇملىدىن بۇ جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپ، دۇنيادىكى مائارىپى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەمما جۇڭگودىچۇ؟ بۇ نىسبەت بەش پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەچكە، ئېلىمىز دۇنيادىكى مائارىپى ئەڭ ئارقىدا قالغان ئەللەر قاتارىدا تۇرۇۋاتىدۇ. كورىيە پۇقرالىرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ساپاسى كورىيە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئاخىرى "خەنجياڭ مۆجىزىسى"نى ياراتتى. كورىيىنىڭ ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىدىن ناھايىتى تېز قۇتۇلالىغانلىقى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. كورىيە ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى كۈندىن- كۈنگە روشەن نامايان قىلدى. مەسىلەن، كورىيە پۇقرالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاتېنت سانى جەھەتتە دۇنيادا ياپونىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ئېلىمىزدىكى

كۇنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان تۈۋەن مەلۇماتلىق نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە چۇشىدىغان بېسىمنى بارا- بارا ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ باردۇ. كورىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئالللىقاچان ئومۇملىشىپ بولدى. ئەمما ئېلىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 2001- يىلى ئاران 52 پىرسەنتكە يەتتى. قىسقىسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇگەتكەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇن تىرمىشىۋاتىدۇ ياكى ئۆيىدە ئىشسىز ئولتۇرىدۇ، دېگەن گەپ. دېمەك، يىلسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان تۈۋەن مەلۇماتلىق نوپۇس بۇگۇن تېز راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ بويىنىغا ئەتىلا ناھايىتى ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى سالماي قالمايدۇ.

بۇ خىل پەرقنىڭ نېگىزلىك سەۋەبى دەل بىر قىسىم رايونلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۇۋاتقانلىقىدا. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، قۇرۇلۇش تۇرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ ھەش- پەش دېگۇچە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ھالبۇكى مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ كارامىتىنى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاندىن كۆرۇدىغان گەپ.

ئىككىنچى، كورىيە ھۆكۇمىتى جەمئىيەتنى ئېنىق پىلان ۋە كۇچلۇك تەدبىرلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى. جۇملىدىن بۇ جەرياندا كۆرۇلگەن بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى پەرق، يېزىلار مەسىلىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۇچلۇك تەدبىرلەر بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ھەل قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ ئەگرى يولغا مېڭىپ قېلىشىنى ۋاقتىدا ئوڭشاشقا قادىر بولالىدى. ئەمما بىز بولساق تەرەققىيات داۋامىدىكى بەزى ئېغىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ كورىيىگە قارىغاندا پوزىتسىيىمىز "قاراب بېقىش، قويۇۋېتىش" بولسا ، تەدبىرلىرىمىز "بوش، يۇمشاق" بولۇپ كەلدى. بۇ ھال ئاخىرى بېرىپ بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ تەدرىجىي يىغىلىپ قېلىشى، ھەتتا ئەدەپ كېتىشىگە





سەۋەب بولدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسى، چېرىكلىكنى تىزگىنلەش مەسىلىسى، داۋالىنىش، مائارىپ، تۇرالغۇ مەسىلىسى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

يېزىلار مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، 2002- يىلىغا كەلگەندە ئېلىمىزدىكى شەھەرلىكلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىم پەرقى نىسبىتى تۇنجى قېتىم 3:1 لىك ئۆتكەلدىن بۆسۇپ ئۆتۇپ، 3.1:1 گە يەتتى. بۇ نىسبەت نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى 1.5:1 لىك نىسبەتتىن خېلىلا يۇقىرى، ئەلۋەتتە. چۇنكى ئېلىمىز يېزىلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قالاق. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىلار مائارىپ، داۋالىنىش ۋە باشقا جامائەت ئەسلىھەلىرىدىن بەھرىلىنىش جەھەتتە ئېغىر ئادالەتسىزلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بۇ خىل ئېغىر ئەھۋال، دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنىدۇرما مەسىلىلەرنىڭ مەھسۇلى. ئېلىمىز ھۆكۇمىتى نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاتلاندى. دېمەك، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك لايىھىسىنىڭ پات ئارىدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئىلگىرى كورىيىمۇ يېزىلار مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. پىياۋ جېڭشى تەختكە چىققاندىن كېيىن كورىيىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 1962- يىلى كورىيە دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 71 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلەتتى. لېكىن 1970- يىلىغا كەلگەندە بۇ نىسبەت 61 پىرسەنتكە چۇشۇپ قالدى. ئۇ چاغدا كورىيە يېزىلىرىدىمۇ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قالاق، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. لېكىن كورىيە يېزىلىرى شۇ زامانلاردا يولۇققان ئۇ مەسىلىلەرنى ئېلىمىز يېزىلىرى نۆۋەتتە دۇچار بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىغاندا ئانچىكىلا ئىشلار ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com